## 1120 ـ جازانە قىلىش توغرىسىدا

**سۇئال**

جازانە قىلىش ئومۇملاشقان غەيرىي ئىسلامىي مەملىكەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىشى توغرا بولامدۇ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

جازانىنىڭ ھاراملىقىنى جاكارلىغان شەرىئەت دەلىللىرىنىڭ ئومۇملىقىنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قانداقلا بىر ۋەزىيەتتە بولمىسۇن، ھەتتا جازانە ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر جەمئىيەتتە بولسىمۇ جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىشى قەتئىي جائىز ئەمەس. بەلكى كۈچىنىڭ يېتىشىچە بۇ خىل ھارام مۇئامىلىنى يوق قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. ئەگەر ئۇنىڭغا كۈچى يەتمىسە، جازانىنىڭ تۇمانلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇنداق جەمئىيەتتىن يۆتكىلىپ كېتىشى لازىم.

ـ سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمىي تەتقىقات ۋە پەتىۋا دائىمىي كومىتېتى 13194